# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
3
جۈمە
维吾尔文 1月3日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24929 - سان بۈگۈن 4 بەت


شى جىنپىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈلمە - مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

لى كېچياڭ، جاۋ لېجى مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگانلىرىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، مەركەز ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتى ئىشخانىسى، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى،
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ 2020 - يىلدىكى 1 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ئىمزالىدى

# پۈتۈن ئارمىيەگە مەشىق باشلاش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ 2020 - يىلدىكى 1 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ئىمزالاپ، پۈتۈن ئارمىيەگە مەشىق باشلاش سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

2020 - يىلى، پۈتۈن ئارمىيە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسكەر بولۇپ ئۇرۇش قىلىش، قوشۇن يېتەكلەپ ئۇرۇش قىلىش، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش ئىدىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچلۈك دۈشمەن، رەقىبلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ئەمەلىي ئۇرۇشقا مايىللاشقان ھەربىي مەشىقنى چىڭ تۇتۇپ، يۈكسەك ھوشيار ھالەتنى ساقلاپ، چاقىرغان ھامان كېلىدىغان، كەلگەن ھامان ئۇرۇش قىلالايدىغان، ئۇرۇشتا جەزمەن غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو - ئېكۋادور دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ ئېكۋادور زۇڭتۇڭى مورېنو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئېكۋادور جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى مورېنو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - ئېكۋادورنىڭ دوستلۇق ئاساسى چوڭقۇر. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 40 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپ باراۋەر بولۇپ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. 2016 - يىلى 11 - ئايدا، مەن ئېكۋادوردا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدۇم، ئىككى دۆلەت ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ھەرقايسى ساھەدىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق تېز ئالغا سىلجىتىلدى.
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئامما بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى ——

# قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز

دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى قىلىپ 2019 - يىلى قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئامما بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: شى جۇشىنىڭ سۆزى كىشى قەلبىنى ئىللىتىپ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، 2020 - يىلى داۋاملىق ئەمەلىي ئىشلەپ پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

# 2019 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا A دەرىجىلىك مەنزىرە رايوندىن 45ى يېڭىدىن كۆپەيدى

پامىر ساياھەت رايونى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ گاڭ، يۈەن لىپىڭ 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئۇققۇشىچە، 2019 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا A دەرىجىلىك مەنزىرە رايوندىن 45ى يېڭىدىن كۆپەيگەن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى پامىر ساياھەت رايونى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بەرپا قىلغان. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭ(بىڭتۇەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىدىن جەمئىي 13ى بار ئىكەن.

2019 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدىن بىرى، 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدىن 13ى، 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدىن 23ى، 2A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدىن سەككىزى يېڭىدىن كۆپەيگەن. يەنە 16 مەنزىرە رايونى 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىشنى پائال ئىلتىماس قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي موگۈيچېڭ مەنزىرە رايونى،
(ئاخىرى 3 - بەتتە)



1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ساياھەتچىلەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى ياپچان قومدا داۋالىنىش، قار تېيىلىش مەنزىرە رايونىدا چېلىشىش مۇسابىقىسىنى كۆرمەكتە. شۇ كۈنى، يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە «2020 يېڭى يىلنى تەبرىكلەش قار - مۇز ساياھىتى» پائالىيىتى باشلىنىپ، پىيادە ئېكسكۇرسىيە قىلىش، قار - مۇزدا كۆڭۈل ئېچىش، مودېللار ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق مول، رەڭدار مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. □ چېن ۋېنجۈن فوتوسى

يېڭىشەھەر يېڭى يىلنى تەبرىكلەش قار - مۇز پائالىيىتى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

# ئىشلىرىمىز ياشناپ رەڭدار بولۇپ كەتكەن بولغۇسى

—— پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

بىر دەۋرنىڭ شۇ دەۋرگە خاس مەنىۋى ئاساسى بولىدۇ. گۈللىنىش ئۇلۇغ ئىشلىرى مىڭلىغان تاغ - دەريالارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تاغلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىشكە توغرا كېلىدۇ، تەشۋىقات، ئىدىيە سېپى قانداق قىلغاندا بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى روھىي ھالەت بىلەن يېڭى بۇرچنى ئورۇندىيالايدۇ؟

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى مۇساپە باشلاندى، بىز قانداق قىلىپ قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك؟

خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى، بىز قانداق قىلىپ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك؟

«بايراقنى كۆتۈرۈش، خەلق قەلبىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت بۇرچ، ۋەزىپىنى ئاڭلىق زىممىگە ئېلىش» «يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇش» «ئاخبارات ئاممىۋى پىكرىنىڭ تارقىتىش كۈچى، يېتەكلەش كۈچى، تەسىر كۈچى، ئاممىۋى ئىشەنچ كۈچىنى ئاشۇرۇش» «مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش» «مەدەنىيەت ئىشەنچى بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى تېخىمۇ نېگىزلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان كۈچ» «دۇنياغا ھەققىي، ئىستېرېئولۇق، ئومۇميۈزلۈك جۇڭگونى نامايان قىلىش» «سىياسىدا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، قابىلىيىتى يۇقىرى - كۈچلۈك، ئەمەلىيەتچىل - يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئۇرۇشتا غەلىبىلىك جەڭ قىلالايدىغان تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش»... پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ، دۇنيادا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، پارتىيەنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار تۈپ خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيەلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزلۈكسىز كۈچىيىشكە يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.
(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 77 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز يۈەن لىي خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 77 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىدىكى خەۋپ - خەتەرنى تارقاقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، يېزا - كەنتلەرنى كەسپلەر ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلاردا جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى ياخشىلاش، دېھقانلارنىڭ پايدا ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىقلاردا مۇھىم رولغا ئىگە. ھەرقايسى جايلار،
(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئاقسۇ شەھەرلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئايگۈزەل ئابلىمىت:

# ئائىلىمىز ئاچقان مېھمانخانىنىڭ سودىسى يەنە ياخشىلاندى

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم ئايگۈزەل ئابلىمىت، 23 ياشقا كىردىم، ئائىلىمىز ئاقسۇ شەھىرىدە مېھمانخانا ئاچقان، مەن ۋە ئاكام ئالىمنىڭ ئىشنى مۇشۇ مېھمانخانىدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

مەن ۋە ئاكام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، داۋاملىق ئوقۇماي، ئائىلىمىز ئاچقان مېھمانخانىغا ياردەملەشتۇق. مېھمانخانىدا قونىدىغان مېھمانلار ھەرقايسى جايلاردىن كېلەتتى، مەن دائىم مېھمانلار بىلەن پاراڭلىشاتتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مېھراي ئىسىملىك بىر مېھمان مەن بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، دائىم كېلىپ قوناتتى. ئىككىمىز ئاستا - ئاستا تونۇشۇپ، دائىم كېلىشىپ بىللە تاماق يەپ، بازار ئايلىنىدىغان بولدۇق.

مېھراي دائىم ماڭا: «خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى ‹كاپىر›، ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشقا بولمايدۇ، خەنزۇلارنى مېھمانخانىدا قوندۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ» دەپ سۆزلەيتتى. دەسلەپتە مەن ئىشەنمىدىم،
(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

—— 9 - تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئاخىرلىشىش پەيتىدە

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

تيانشان ئۈن - تىنسىز ھالدا كەڭ يەر يۈزىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدى؛ تارىم دەرياسى خۇددى ئەينەكتەك، بۈگۈنكى يېڭى قىياپەتنى ئەكس ئەتتۈردى.

شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قاينام - تاشقىنلىققا تولغان تۇپراقتا، كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرى ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىپ، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىندى.

«ئۆزاققىچە ئەسقاتىدىغان سىياسەتلەرنى كۆزلەش، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتى يارىتىش، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش» رېئاللىققا ئايلانماقتا، خۇددى باھار يامغۇردەك زېمىنغا ئۈن - تىنسىز ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، تيانشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قەلب ئېتىزىنى ئىللىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىمەكتە.

كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خەلقنى بېيىتىش يولى ياساش

«كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتتى» دېدى يېڭىشەھەر
(ئاخىرى 4 - بەتتە)